# شىنجاڭ گېزىتى

2020 ـ يىل 12 ـ ئاي
13
يەكشەنبە
维吾尔文 12 月13日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65－0002/－W :مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن ئۆلچەملىك نەشر بۇيۇمى نومۇرى

新疆日报 شىنجاڭ گېزىتى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1－57　ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com　25274 ـ سان　بۈگۈن 4 بەت


# شى جىنپىڭ كىلىمات ئۇلۇغۋار غايىسى باشلىقلار يىغىنىدا مۇھىم سۆز قىلدى

## ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان كىلىماتنى تۈزەش يېڭى ۋەزىيىتى يارىتىپ، ھەركىم قابىلىيىتىگە يارىشا ئىش كۆرىدىغان كىلىماتنى تۈزەش يېڭى سىستېمىسى شەكىللەندۈرۈپ، يېشىللىقنى قايتا جانلاندۇرىدىغان كىلىماتنى تۈزەش يېڭى پىكىر يولىدا چىڭ تۇرۇشنى تەشەببۇس قىلدى　جۇڭگونىڭ دۆلەتنىڭ ئۆز ئالدىغا تۆھپە قوشۇشىغا ئائىت بىر قاتار يېڭى تەدبىرلىرىنى جاكارلىدى



12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ كىلىمات ئۇلۇغۋار غايىسى باشلىقلار يىغىنىدا سىن ئارقىلىق «ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، يەر شارىۋى كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلىپ، جۇڭگونىڭ دۆلەتنىڭ ئۆز ئالدىغا تۆھپە قوشۇشىغا ئائىت بىر قاتار يېڭى تەدبىرلىرىنى جاكارلىدى. □شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرى جۇ پېڭ فوتوسى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى كىلىمات ئۇلۇغۋار غايىسى باشلىقلار يىغىنىدا سىن ئارقىلىق «ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئېچىپ، يەر شارىۋى كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش يېڭى مۇساپىسىنى باشلايلى» دېگەن تېمىدا مۇھىم سۆز قىلىپ، جۇڭگونىڭ دۆلەتنىڭ ئۆز ئالدىغا تۆھپە قوشۇشىغا ئائىت بىر قاتار يېڭى تەدبىرلىرىنى جاكارلىدى. **(سۆزنىڭ تولۇق تېكىستى 2 ـ بەتتە)**

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: بەش يىل ئىلگىرى، ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرى ئەڭ زور سىياسىي ئىرادە ۋە ئەقىل ـ پاراسەت بىلەن كىلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇش «پارىژ كېلىشىمى»نى ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولغانىدى. بەش يىلدىن بۇيان، «پارىژ كېلىشىمى» يولغا قويۇش باسقۇچىغا كىرىپ، خەلقئارا جەمئىيەتنىڭ كەڭ قوللىشى ۋە قاتنىشىشىغا ئېرىشتى. ھازىر، خەلقئارا ئەندىزە تېز ئۆزگەرمەكتە، يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئادەم بىلەن تەبىئەتنىڭ مۇناسىۋىتى ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلىنىش قوزغىدى، يەر شارىۋى كىلىماتنى تۈزەشنىڭ كەلگۈسى تېخىمۇ دىققەتنى تارتتى.

شى جىنپىڭ ئۈچ تۈرلۈك تەشەببۇسنى ئوتتۇرىغا قويدى.

بىرىنچى، بىر نىيەتتە ئىتتىپاقلىشىپ، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئالىدىغان كىلىماتنى تۈزەش يېڭى ۋەزىيىتى يارىتىش كېرەك. كىلىمات ئۆزگىرىشى خىرىسى ئالدىدا ئىنسانىيەت تەقدىرداش. (ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

# تۈركمەنىستاننىڭ مەڭگۈ بىتەرەپ دۆلەتلىك ئورنىغا ئېرىشكەنلىكىنىڭ 25 يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن
# شى جىنپىڭ تۈركمەنىستان زۇڭتۇڭى بەردىمۇھەممەدوۋغا تەبرىك خېتى ئەۋەتتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ تۈركمەنىستان زۇڭتۇڭى بەردىمۇھەممەدوۋغا تەبرىك خېتى ئەۋەتىپ، تۈركمەنىستاننىڭ مەڭگۈ بىتەرەپ دۆلەتلىك ئورنىغا ئېرىشكەنلىكىنىڭ 25 يىللىقىنى تەبرىكلىدى. (ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايون سىن يىغىنى ئېچىپ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى
# مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي قانۇن بويىچە ئالدىنى ئېلىپ ـ تىزگىنلەپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ ـ تىزگىنلەپ، دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىپ ـ تىزگىنلەپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنىڭ ھاياتىي بىخەتەرلىكى ۋە تەن ساغلاملىقىنى قەتئىي قوغداش كېرەك
## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى
## شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى پېڭشىن قاتناشتى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايون سىن يىغىنى ئېچىپ، تۇرپان شەھرىنىڭ ئىدىقۇت رايونىدىكى يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇم ئەھۋالىنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلىپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى رەھبەرلىك گۇرۇپپىسىنىڭ گۇرۇپپا باشلىقى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن شۆھرەت زاكىر، شەۋكەت ئىمىن، نۇرلان ئەبىلمەجىن، ۋاڭ جۈنجېڭ، لى ۋېي، شۇ خەيرۇڭ، ئەركىن تۇنىياز، تيەن ۋېن، لى يىفېي، سارقىت ئاقان، ياڭ شىن، جاڭ چۈنلىن، ۋاڭ مىڭشەن قاتارلىقلار يىغىنغا قاتناشتى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجىسمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن يىغىندا يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىگە ئالاقىدار ئەھۋاللارنى ئومۇمىي ئۇقتۇرۇش قىلدى ھەم دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا كونكرېت ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. (ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## شۆھرەت زاكىر سۆھبەت يىغىنىغا رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ مۇتەخەسسىسلەردىن پىكىر ـ تەكلىپ ئالدى
# «14 ـ بەش يىل»لىق يىرىك پىلاننى ئەمەلىيەت ۋە تارىخنىڭ سىنىقىغا بەرداشلىق بېرەلەيدىغان قىلىش كېرەك

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **يۈەن لىي** خەۋەر قىلدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايوننىڭ رەئىسى شۆھرەت زاكىر مۇتەخەسسىسلەر سۆھبەت يىغىنىنى رىياسەتچىلىك قىلىپ ئېچىپ، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنىڭ 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانى ۋە 2035 ـ يىلىغىچە بولغان كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى (پىكىر ئېلىش نۇسخىسى)» توغرىسىدا پىكىر ـ تەكلىپ ئالدى. (ئاخىرى 4 ـ بەتتە)


تۇرپان شەھىرى ئىدىقۇت رايونىدا يۇقۇم يۈزبەرگەندىن كېيىن
**20 تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمىي بويىچە تەكشۈرۈش ئەترىتى مىنۇت ـ سېكۇنتنى قولدىن بەرمەي تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمىي بويىچە مەنبەدىن تەكشۈردى**
4 ـ بەتتە


# شى جىنپىڭ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىنىڭ 26 ـ قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىشىدە مۇنداق تەكىتلىدى
# سىستېمىلىق تەپەككۇردا چىڭ تۇرۇپ زور خەۋپسىزلىك ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى 12 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن دۆلەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنى ھەققىي ياخشى ئىشلەش توغرىسىدا 26 ـ قېتىملىق كوللېكتىپ ئۆگىنىش ئۆتكۈزدى. جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى شى جىنپىڭ ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلغاندا مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: دۆلەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتى پارتىيەنىڭ دۆلەتنى ئىدارە قىلىپ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈشىدىكى بىر تۈرلۈك ئىنتايىن مۇھىم خىزمەت، شۇنداقلا دۆلەتنىڭ تىنچ ـ ئامانلىقى، خەلقنىڭ خاتىرجەملىكىگە كاپالەتلىك قىلىشتىكى بىر تۈرلۈك ئىنتايىن مۇھىم خىزمەت. يېڭى دەۋردىكى دۆلەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، دۆلىتىمىز تەرەققىياتىنىڭ مۇھىم ئىستراتېگىيەلىك پۇرسەت مەزگىلىنى چىڭ تۇتۇپ ۋە ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتىنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى، پۈتكۈل جەريانىغا سىڭدۈرۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى بىلەن بىللە پىلانلاپ، بىللە ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، سىستېمىلىق تەپەككۇردا چىڭ تۇرۇپ، زور خەۋپسىزلىك ئەندىزىسى بەرپا قىلىپ، خەلقئارا خەۋپسىزلىك ۋە دۇنيا تىنچلىقىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇشنى كۈچلۈك كاپالەت بىلەن تەمىنلەش كېرەك.

جۇڭگو ھازىرقى زامان خەلقئارا مۇناسىۋەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ باشلىقى يۈەن پېڭ بۇ مەسىلە ھەققىدە چۈشەنچە بېرىپ، خىزمەت تەكلىپىنى ئوتتۇرىغا قويدى. مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسىدىكى يولداشلار ئۇنىڭ چۈشەندۈرۈشىنى ئەستايىدىل ئاڭلىدى ھەم مۇزاكىرە قىلدى.

شى جىنپىڭ ئۆگىنىشكە رىياسەتچىلىك قىلغاندا سۆز قىلدى. ئۇ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: پارتىيە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 5 ـ ئومۇمىي يىغىنى «تەكلىپ»تە تۈنجى قېتىم تەرەققىيات ۋە خەۋپسىزلىكنى بىرتۇتاش پىلانلاش «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدىكى دۆلىتىمىز ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسىگە كىرگۈزۈلۈپ، تەڭ ئورۇنغا قويۇلۇپ مەخسۇس بابتا ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرما قىلىنىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنىڭ پارتىيە ۋە دۆلەت خىزمىتى چوڭ ۋەزىيىتىدىكى مۇھىم ئورنى گەۋدىلەندۈرۈلدى. بۇ، دۆلىتىمىزنىڭ تەرەققىياتى تۈرۈۋاتقان تارىخىي ئورۇن، دۆلەت خەۋپسىزلىكى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت، ۋەزىپىلەر تەرىپىدىن بەلگىلەنگەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: پارتىيەمىز دۆلەتتە ئىچكى ئەنسىزلىك، تاشقى پاراكەندىچىلىك بولۇۋاتقان، مىللەت خەۋپ ـ خەتەر، قىيىنچىلىق ئىچىدە قالغان پەيتتە دۇنياغا كەلگەن بولۇپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنىڭ مۇھىملىقىغا قارىتا ئەستىن چىقماس تونۇشقا ئىگە. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى تەرەققىيات ۋە خەۋپسىزلىككە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكىنى قوغداش خىزمىتىنى باشتىن ـ ئاخىر چىڭ تۇتتى. پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى دۆلەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىگە بولغان مەركەزلىك بىرتۇتاش رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئومۇمىي دۆلەت خەۋپسىزلىكى قارىشىدا چىڭ تۇرۇشنى جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇش ئاساسىي تەدبىرىگە كىرگۈزۈپ، پۈتۈن ۋەزىيەت ۋە ئىستراتېگىيە يۈكسەكلىكىدىن دۆلەت خەۋپسىزلىكىگە قارىتا بىر قاتار مۇھىم، زور تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلارنى چىقىرىپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى خىزمىتىنى يۇقىرى قاتلامدىن لايىھەلەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، ھەرقايسى مۇھىم ساھەلەردىكى دۆلەت خەۋپسىزلىكى سىياسەتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت خەۋپسىزلىكى قانۇن ـ نىزاملىرىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، بىر قاتار ئېغىر، زور خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسقا ئۇنۇملۈك تاقابىل تۇرۇپ، دۆلىتىمىز دۆلەت خەۋپسىزلىكى چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىنى ساقلىدى. (ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنىدا جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى
# پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى قەتئىي تەۋرەنمەي ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، پارتىيەنى ئومۇميۈزلۈك قاتتىق ئىدارە قىلىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك
## چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۇڭ، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلدۇ: 12 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنىنىڭ روھى ۋە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھى قاتارلىقلارنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش پىكرىنى تەتقىق قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتى سىياسىي بيۇروسى يىغىنى ۋە پارتىيە سىرتىدىكى زاتلار سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مۇقىملىق ئاساسىدا ئىلگىرىلەش خىزمەت باش رىتىمىدا چىڭ تۇرۇپ، مەۋقەنى يېڭى تەرەققىيات باسقۇچىغا قويۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە تەشەببۇسكارلىق بىلەن سىڭىشىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشنى باش تېما قىلىپ، تەمىنات تەرەپلىك قۇرۇلمىلىق ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى ئاساسىي لىنىيە قىلىپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى تۈپ ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قىلىپ، خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى تۈپ مەقسەت قىلىپ، سىستېما قارىشىدا چىڭ تۇرۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، (ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## يەر شارىۋى ئەنئەنىۋى دومنا پېچ ئاخىرقى چېكى بۆسۈپ ئۆتۈلدى
# «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر شىركىتى ئوكسىگېنلىق دومنا پېچتا 35%لىك يۇقىرى ئوكسىگېنلىق مىتال تاۋلاش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇردى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى شىن** خەۋەر قىلدۇ: باۋگاڭ گۇرۇھى شىنجاڭ «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر چەكلىك شىركىتى ئوكسىگېنلىق دومنا پېچ 1 ـ باسقۇچلۇق سانائەت تەجرىبىسىدە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈردى، نۆۋەتتە، يەتكۈزۈلگەن شامالنىڭ ئوكسىگېن مىقدارى 35%كە يېتىپ، يەر شارىۋى ئەنئەنىۋى دومنا پېچ ئوكسىگېن ئاخىرقى چېكىنى بۆسۈپ ئۆتتى.

بۇ يىل 7 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى، «1 ـ ئاۋغۇست» پولات ـ تۆمۈر شىركىتىنىڭ ئوكسىگېنلىق دومنا پېچىغا ئوت يېقىلدى. پېچقا ئوت يېقىلغاندىن بۇيان، ئەنئەنىۋى دومنا پېچنىڭ ئوكسىگېن ئاخىرقى چېكى تېخنىكىسىدىكى بوغما ھالەتكە قارىتا، شىركەت تېخنىكا كوللېكتىپى بىر قاتار تېخنىكىدا يېڭىلىق يارىتىش ۋە ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش خىزمىتىنى قانات يايدۇرۇپ، (ئاخىرى 4 ـ بەتتە)